## 22174 ـ نامازدا ئىككى كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

نامازدا ئىككى كۆزنى يۇمۇۋالسا قانداق بولىدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆلىمالار نامازدا سەۋەبسىز كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ مەكرۇھ ـ ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاققا كەلگەن بولۇپ، "ئەلرەۋزۇل مۇربىئ" ناملىق ئەسەرنىڭ ساھىبى "نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ قىلىقى"دەپ بايان قىلدى. ["روۋزۇل مۇربىئ"1-توم 95-بەت].

شۇنىڭدەك "مەنارۇس سەبىيل" ۋە "ئەلكافى" قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ساھىبلىرىمۇ ئاشۇنداق دەپ، بۇنداق قىلىش ئۇخلاپ قالدىمىكىن دىگەننى ئىپادىلەيدۇ دىگەن سۆزنى زىيادە قىلدى. ["مەنارۇس سەبىيل"1-توم 66-بەت، كاپىئ 1-توم 285-بەت].

"ئەلئىقنائ" دىگەن كىتابنىڭ ساھىبى: زۆرۈر بولمىغاندا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، بۇ خۇددى ھەزەر قىلىنىغان نەرسىدىن قورققانغا ئوخشاش خۇددى بىر كىشى ئۆزىنىڭ دىدىكى ياكى ئايالىنى ياكى يات بىر ئايالنى يالىڭاچ كۆرۈپ قالغاندا كۆزنى يۇمۇۋالغانغا ئوخشاش دىگەن، مۇغنىنىڭ ئاپتۇرىمۇ شۇنداق دىگەن. ["ئەلئىقنائ"1-توم 127-بەت. "ئەل مۇغنى"2-توم 30-بەت].

"تۆھپەتۇلمۇلۇك"ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتۇرىمۇ: ھاجەت بولغان ياكى بولمىغاندا دىگەن سۆزنى زىكىر قىلماستىن كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ["تۆھپەتۇلمۇلۇك"1-توم 84-بەت].

كاسانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "نامازدا كۆزۈنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، بۇ سۈننەتنىڭ خىلاپى ھېسابلىنىدۇ، نامازدا سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قاراش يولغا قويۇلغان، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەزانىڭ ئىبادەتتىن نىسىۋىسى بولىدۇ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كۆزنىڭمۇ نىسىۋىسى بار. ["بەدائىئ ئەسسەنائىئ"1-توم 503-بەت].

"ئەل مۇراقىي ئەلپەلاھ" دىگەن ئەسەرنىڭ ساھىبىمۇ: ھېچ بىر پايدىسىز، كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، ئەمما كۆزنى ئېچىپ تۇرۇشتىن يۇمۇش ياخشى بولسا يۇمسا بولىدۇ،"دىگەن. ["مەراقىي ئەلپەلاھ"1-توم 343-بەت].

ئىمام ئىززىددىن ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ پەتىۋاسىدا: ھاجەت بولغاندا يەنى كۆزىنى يۇمۇۋېلىش نامازدا خۇشۇئنى زىيادە قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا كۆزىنى يۇمۇۋېلىش دۇرۇس دېگەن، ئىبنى قەييىم "زادۇل مىئاد"ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسان نامازدا كۆزىنى ئېچىپ تۇرسا خۇشۇئ كۆپ بولىدىكەن كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇش ياخشى بولىدۇ، ئەگەر كۆزىنى يۇمۇپ تۇرسا نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان مەسچىتنىڭ نەققاشلىقى ۋە زىننەتلىرى كۆرمەي، نامازنى بەك خۇشۇئ بىلەن ئادا قىلىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ھەرگىزمۇ ئۆچ كۆرۈلمەيدۇ بەلكى كۆزىنى يۇمۇش ياخشى دېگەن سۆز كۆزنى يۇمۇش ياخشى ئەمەس دېگەن سۆزگە كۆرە شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇسۇلىغا يېقىندۇر. ["زادۇل مىئاد" ناملىق ئەسەر 1-توم 283-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر